شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 8 ـ ئاي
9
يەكشەنبە
维吾尔文 8 月9日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى 新疆日报网: www.xjdaily.com
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65−0002/−W

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25148 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

ۋېيتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سابىق باش شۇجىسى لى كېپياۋنىڭ ۋاپات بولغانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن

شى جىنپىڭ ۋېيتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى رۇەن فۇجوڭغا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى ۋېيتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى رۇەن فۇجوڭغا تەزىيە تېلېگراممىسى ئەۋەتىپ، ۋېيتنام كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سابىق باش شۇجىسى لى كېپياۋنىڭ ۋاپات بولغانلىقىغا چوڭقۇر تەزىيە بىلدۈردى. تولۇق تېكىستى تۆۋەندىكىچە:

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىن يىغىنى ئېچىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

ئىستىلنى ياخشىلاپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى قىلىش ۋە ئۇنىڭدا غەلىبە قىلىش كېرەك

چېن چۈەنگو قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى

شۆھرەت زاكىر رىياسەتچىلىك قىلدى، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى كەچتە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى سىن يىغىنى ئېچىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا قاتنىشىپ ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ مۇئاۋىن گۇرۇپپا باشلىقى شۆھرەت زاكىر يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى ۋېيى، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، جاڭ چۈنلىن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق شىتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ياڭ شىن يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى نازارەت قىلىش ـ تەكشۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش، ئىنتىزام، ئىستىلنى چىڭىتىش توغرىسىدا تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

چېن چۈەنگو سۆزىدە مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىيىتى يەنىلا كەسكىن، مۇرەككەپ، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋەزىپىسى يەنىلا مۈشكۈل، ئېغىر. ئىشەنچنى چىڭىتىش، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇش، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈش ئومۇمىي تەلىپى بويىچە، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ھازىرقى ئەڭ مۇھىم خىزمەت سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇپ، كاللىنى سەگەك تۇتۇپ، پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، بىخۇدلۇق ئىدىيەسى،

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونىمىز قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا 8 مىليارد 880 مىليون يۈەن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ياردەم پۇلى ئاجراتتى

بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 14% ئاشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز لى لىنىڭ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، ئاپتونوم رايونىمىز قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا 8 مىليارد 880 مىليون يۈەن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ياردەم پۇلى ئاجراتقان بولۇپ، بۇلتۇرقىدىن 1 مىليارد 40 مىليون يۈەن ئېشىپ، ئېشىش نىسبىتى 14%كە يەتكەن. ئالدىنقى يېرىم يىلدا، شەھەر ـ يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەتلىك، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار، يېتىم باللار قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا 4 مىليارد 100 مىليون يۈەن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ياردەم پۇلى تارقىتىپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا 7 مىليون 390 مىڭ ئادەم قېتىم نەپ يەتكۈزۈپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا كۈچلۈك كاپالەتلىك قىلغان.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدە قۇتقۇزۇلىدىغان ـ ياردەم بېرىلىدىغان كىشىلەر توپى كەڭ بولۇش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئېھتىياجى جىددىي بولۇش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئەھۋالى مۇرەككەپ بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللارغا قارىتا، ئاپتونوم رايونىمىز ۋاقتىدا سىياسەت چىقىرىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى تۆۋەن كاپالەت، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلار، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، «يەككە نوپۇس» «تەدرىجىي چېكىندۈرۈش مۇددىتى» «ئالدىن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش» «باھا ياردەم تولۇقلىمىسى» قاتارلىق بىر قاتار سىياسەت، تەدبىرلەرنى دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، قىيىنچىلىقى بار ئاممىنى «تولۇق» كاپالەتلەندۈرۈپ، ئاساسىي تۇرمۇشىغا «كاپالەتلىك» قىلىپ، تىرىشىپ يۇقۇمنىڭ تەسىرىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈردى.

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)

يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتتا تۈرتكە بولۇشنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

رەقەملىك ئىقتىساد شىنجاڭ سانائىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى يېتەكلىمەكتە

يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈش، زورايتىشقا نەزەر ③

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز لىيۇ شياڭ، شى شىن، جېن شىشىن، جاڭ ئاۋ، لۇ يىخەن**

قولايلىق دۇكانلاردا، چىراينى تونۇتۇپلا پۇل تۆلىگىلى بولىدۇ؛ زاۋۇت سېخلىرىدا، ئەقلىي ئىقتىدارلاشقان ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ھەرقايسى ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپلىرىنى تەرتىپلىك ئېلىپ بارماقتا... بۇلارنىڭ كەينىگە، رەقەملىك ئىقتىسادنىڭ تەرەققىيات ئىزنالىرى ئېنىق بېسىلغان.

بۈگۈنكى كۈندە، رەقەملىك ئىقتىساد شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىغا چوڭقۇر سىڭىپ كىردى. رەقەملىك يېڭى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىگە ئايلاندۇرۇش شىنجاڭ زېمىنىدا جانلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلماقتا.

رەقەم ئېنېرگىيە بېغىشلاپ، «قارا يەن ـ تېخنىكا»نى يورۇتتى

پەقەت كىشىلەر توپى ئارىسىدا سىزگە «قاراپ»لا قويسا، بەدەن تېمپېراتۇرىڭىزنى خاتىرىلىۋالىدۇ. شىنجاڭ ئەيخۇا يىڭتۇڭ ئۇچۇر تېخنىكىسى چەكلىك شىركىتى تەتقىق قىلىپ ياسىغان AI تېمپېراتۇرا ئۆلچەش ئۈسكۈنىسى ئالدىدا تۇرسا، بەدەن تېمپېراتۇرىسى سانى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە شەخس تەسۋىرىنىڭ پېشانىسىدە كۆرۈنىدۇ.

«بۇ، شىركىتىمىز يۇقۇم مەزگىلىدە ئوتتۇرىغا چىقارغان ئەقلىي ئىقتىدارلىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئېلىپ تەكشۈرۈش سىستېمىسى، چىراي پەرقلەندۈرۈش + ئەقلىي ئىقتىدارلىق بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئېلىپ تەكشۈرۈش + چوڭ سانلىق مەلۇمات ئىستاتىستىكىسىنى ئاساس قىلغان ئۇچراشماس شەكىلدىكى پۈتۈن گەۋدە بويىچە ھەل قىلىش لايىھەسى بولۇپ، كۆپ ئادەمنىڭ بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئالاھىدە يىراق ئارىلىقتىن دەل، توغرا ئۆلچەشنى قوللايدۇ، ئادەم ئېقىمى كۆپ جايلاردا ئىشلىتىشكە ماس كېلىدۇ،

(ئاخىرى 4ـ بەتتە)

7 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك بۇلۇت ھېسابلاش مەركىزىدە، تېخنىك خادىملار ئاپپارات ئۆيىدىكى قاتتىق دېتال ئەسلىھە ـ ئۈسكۈنىلىرىنى چارلاپ تەكشۈرمەكتە. ☐ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز جېن شىشىن فوتوسى

سكانېرلاپ تېخىمۇ كۆپ يېڭى تاراتقۇ مەھسۇلاتلىرىنى كۆرۈڭ

شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى

قەتئىي تۈردە يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەزگىلىدىكى تور خەۋەرلىشىشى ۋە پوچتا مۇلازىمىتىنىڭ بىخەتەر، مۇقىم يۈرۈشۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك

مۇخبىرىمىز **ۋاڭ يۇڭفېي** خەۋەر قىلىدۇ: 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئۈرۈمچى شەھىرىدە تور خەۋەرلىشىشى ۋە پوچتا مۇلازىمىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش خىزمىتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تور خەۋەرلىشىشى ۋە پوچتا مۇلازىمىتى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتىكى مۇھىم تىرەك، مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، بۇرچ تۇيغۇسىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش ئالدىنقى شەرتتە، تور خەۋەرلىشىشى ۋە پوچتا يوللانمىلىرىنىڭ راۋانلىقىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن كاپالەتلىك قىلىپ،

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)

دوختۇرخانىدىن چىققان ئاغرىقلار ۋە تېببىي كۆزىتىش بىكار قىلىنغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار جەمئىي 200دىن ئاشتى

ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 30 ئاغرىق ساقىيىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **چاۋ جىن** خەۋەر قىلىدۇ: گوۋۇيۈەن يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش مېخانىزمى مۇتەخەسسىسلەر گۇرۇپپىسى ۋە ئاپتونوم رايوننىڭ تېببىي قۇتقۇزۇش ـ داۋالاش مۇتەخەسسىسلىرىنىڭ بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇپ باھالىشى ئارقىلىق، 8 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى، ئۈرۈمچى شەھىرىدە يەنە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان 30 ئاغرىق دۆلەت سەھىيە ـ ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى دەپ ئېنىق

(ئاخىرى 3ـ بەتتە)

ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش زور ئىش جەزمەن ئىنچىكە ئىشلەش كېرەك

سۆز ھەممىگە

☐ **جاڭ بىي**

ھازىر، ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى تىركىشىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتىدۇ، ۋەزىيەت يەنىلا كەسكىن، ۋەزىپە ئىنتايىن مۈشكۈل. قانچىكى ئەڭ كۈچەيدىغان ۋاقىتقا كەلگەنسېرى، چىشنى شۇنچە چىڭ چىشلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرىدىكى ۋەزىپىلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇشنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈپ، پۈتۈن كۈچ بىلەن ئاتلىنىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىش كېرەك.

(ئاخىرى 4ـ بەتتە)

شىنجاڭ كۇئېنلۇن لۈيۈەن شىركىتىنىڭ مەبلىغى بار بولدى

زاكازلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش كارخانىنىڭ جىددىي قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى

تۈرلۈك چارە ـ ئاماللار بىلەن بازار سۇبيېكتىنى قوغداش ②

☐ **پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ يۇڭفېي**

شىنجاڭ كۇئېنلۇن لۈيۈەن يېزا ئىگىلىك يەن ـ تېخنىكا تەرەققىيات (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى گۇما ناھىيەسىدىكى توشقان بېقىش بازىسىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاپئاق توشقانلار ناھايىتى ئوماق ئىدى. 8 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى، توشقان بېقىش بازىسى ئىچىدىكى كۆز يەتكۈسىز توشقان قەپەسلىرىگە قاراپ، شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى فېڭ جيەنشىن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: «ھېلىمۇ ياخشى زاكازلىق مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشنىڭ قوللىشى بولغاچقا، جىددىي قىيىنچىلىقىمىز ھەل بولۇپ، يەم ـ خەشەك تەمىناتىغا كاپالەتلىك قىلالىدۇق».

2017 ـ يىلى قۇرۇلغان كۇئېنلۇن لۈيۈەن شىركىتى توشقان، غاز، ئېشەك، قوي بېقىش، سويۇش، پىششىقلاش، سېتىش ۋە تەتقىق قىلىپ ئېچىشنى بىر گەۋدە قىلغان ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك نامراتلارنى يۆلەشتىكى باشلامچى كارخانا. بۇ يىلدىن بۇيان، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە مەبلەغ بىرمەھەل جىددىي بولدى.

«توشۇش راۋان بولمىغاچقا، مەھسۇلاتنىڭ ئامباردا بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالى ئېغىر بولدى، يەم ـ خەشەكنى يۆتكەپ توشۇشتا قىينالدۇق، بۇنىڭغا توشۇش ھەققى ۋە ئادەم كۈچى تەننەرخى قوشۇلۇپ، بىر ئايدا بىز تەخمىنەن 40 مىليون يۈەن مەبلەغكە ئېھتىياجلىق بولدۇق،

(ئاخىرى 2ـ بەتتە)